# «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 2 - تومىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى نۇسخىسى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

«شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 2 - تومىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى مەركىزىي كومىتېت ھۆججەت - ماتېرىيال تەتقىقات ئىشخانىسى، جۇڭگو چەت ئەل تىل - يېزىقى نەشرىياتچىلىق - تارقىتىش ئىشلىرى ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە تەھرىرلىگەن بولۇپ، شى جىنپىڭنىڭ 2014 - يىلى 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 2017 - يىلى 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنىگىچە بولغان مەزگىلدىكى سۆزى، سۆھبىتى، نۇتقى، تەستىقىي يوليورۇقى، تەبرىك تېلېگراممىسى قاتارلىق 99 پارچە ماقالە كىرگۈزۈلگەن، يەنە شى جىنپىڭنىڭ مۇشۇ ۋاقىتتىكى سۈرەتلىرىدىن 29 پارچىسى كىرگۈزۈلگەن. پۈتۈن كىتابتا جەمئىي 17 مەخسۇس تېما بار بولۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرغانلىقى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرغانلىقىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى جانلىق خاتىرىلەنگەن، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ تەرەققىيات تومۇرى ۋە ئاساسلىق مەزمۇنى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 2 - تومىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى نۇسخىسىنىڭ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشى مىللىي رايونلاردىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى تېخىمۇ بىۋاسىتە، تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ كەڭ ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەننى قەلبىتىن ئېتىراپ قىلىشىنى، جۇڭخۇا مىللىتىنى قەلبىتىن ئېتىراپ قىلىشىنى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى قەلبىتىن ئېتىراپ قىلىشىنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى قەلبىتىن ئېتىراپ قىلىشىنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى قەلبىتىن ئېتىراپ قىلىشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا ئۇلۇغ كۈرەش ئېلىپ بېرىش، ئۇلۇغ قۇرۇلۇش قىلىش، ئۇلۇغ ئىشنى ئالغا سىلجىتىش، ئۇلۇغ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملەشكە پايدىلىق.

# يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى ئۈزلۈكسىز يارىتىش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

چۆچەك شەھىرى شىنخۇا شىمالىي يولى مەسچىتىدە، چېن چۈەنگو دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ قانات يايدۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. ئۇ دىنىي ساھەدىكى كەڭ زاتلارنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈش ئېسىل ئەنئەنىسىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، داۋاملىق ۋەتەننىڭ بىرلىكى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دىنلار ئىناقلىقىنى قوغداشقا پائال تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلدى.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا، چېن چۈەنگو تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك ئىشلاردا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش نىشاننى زىچ چۆرىدەپ، ئېشىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، خەۋپ - خەتەردىن مۇداپىئەلىنىش، مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا يېڭى تۆھپە قوشۇش كېرەك. بىرىنچى، ئىجتىمائىي ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، «بىرىكمە مۇشت»نى ياخشى ئېتىپ، ئاگاھ سىگنالىنى ئۇزاقتىچە ياڭرىتىپ، دائىم ھوشيار بولۇپ، مۇقىملىقنى قوغداش تەدبىرلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇقىملىقنىڭ پايدىسىنى سىجىل قوغداپ بېرىش كېرەك. ئىككىنچى، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى داۋاملىق ياخشى قىلىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشى، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش، ساياھەت كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ياخشى تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش كېرەك. ئۈچىنچى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەپ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پارتىيەنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، ئارىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنى «بەشنى قەلبىتىن ئېتىراپ قىلىش»نى كۈچەيتىش، «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەش كېرەك. تۆتىنچى، دىنلارنىڭ ئېجىل - ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پارتىيەنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجىغا ۋە نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا قانۇن بويىچە كاپالەتلىك قىلىپ، دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەش كېرەك. بەشىنچى، خەلق تۇرمۇشىنى كۈچەپ كاپالەتلەندۈرۈپ، ياخشىلاپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش، ئىجتىمائىي كاپالەت، تۇرالغۇ قاتارلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشلىرىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، ھەر مىللەت ئاممىنى تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىش كېرەك. ئالتىنچى، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ھەققىي كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، رەھبەرلىك بەنزىسى، كادىرلار قوشۇنى، ئاساسىي قاتلام تەشكىلات قۇرۇلۇشىنى سىجىل كۈچەيتىپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇر ياخشى قانات يايدۇرۇپ، ئىستىل قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇشنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەخلۇك سىيىت بىللە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

# ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 54 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئۆتكۈزدى

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىندا دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتىدا ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك نىزاملىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە چېتىلىدىغان مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى تەڭشەش مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارارى (لايىھە)»غا قاراپ چىقىش ئەھۋالى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، «بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق 14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنىنىڭ ‹بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئارشاڭ شىنجاڭ شىمال سەمەندەرى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى باشقۇرۇش نىزامى›غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى» «بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق 14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنىنىڭ ‹بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ تارىم تۇغراقلىقى دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى باشقۇرۇش نىزامى› ‹بايىنبۇلاق ئوتلىقىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى ئاسراش نىزامى›غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى» «باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ‹باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ سۇلۇق يەرنى قوغداش نىزامى›غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى»نى تەكشۈرۈش ئەھۋالى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 2019 - يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك خامچوتىنى تەڭشەش لايىھەسى (لايىھە) ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ 2019 - يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك خامچوتىنى تەڭشەش لايىھەسى (لايىھە)نى تەكشۈرۈش دوكلاتى توغرىسىدىكى قاراپ چىقىش ئەھۋالى، كادىرلارنى تەيىنلەش - قالدۇرۇش تەكلىپىنى قاراپ چىقىش ئەھۋالىغا قارىتا، يۇقىرىقى قارار لايىھە (لايىھە) قاتارلىقلارنى ئومۇمىي يىغىندا ئاۋازغا قويۇشقا سۇنۇش قارار قىلىندى.

يىغىندا دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ «ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ يېزا - كەنت تازىلىقى نىزامى»نى تەكشۈرۈش ئەھۋالى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ قاراپ چىقىش پىكرىگە ئاساسەن، بۇ «نىزام»نى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، دەلىللەپ ۋە تۈزىتىپ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كېيىنكى دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇش قارار قىلىندى.

يىغىندا يەنە دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ يەسلى مائارىپى خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىغا قاراپ چىقىش ئەھۋالى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ چېگرا باشقۇرۇش نىزامى»نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلاتى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىستاتىستىكا قانۇنى» ھەم «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىستاتىستىكا باشقۇرۇش نىزامى»نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلاتى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش نىزامى»نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلاتقا قاراپ چىقىش ئەھۋالى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ قاراپ چىقىش پىكرىدىنى يىغىپ، رەتلەپ، تەرتىپ بويىچە ھۆكۈمەتنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش قارار قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى جۇ خەيلۇن، دۇڭ شىنگۇاڭ، بادەي، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل يىغىنغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ چىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى باھارگۈل سەمەت، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى لى يۇڭجۈن، ئاپتونوم رايونلۇق رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى قاتارلىقلار يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

# شى جىنپىڭ رۇسىيەدە دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولىدۇ ھەم 23 - نۆۋەتلىك ساينت پېتېربۇرگ خەلقئارا ئىقتىساد مۇنبىرىگە قاتنىشىدۇ

(بېشى 1 - بەتتە)

جاڭ خەنخۈي مۇنۇلارنى بىلدۈردى: رەئىس شى جىنپىڭ 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە رۇسىيەدە دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولىدۇ ھەم 23 - نۆۋەتلىك ساينت پېتېربۇرگ خەلقئارا ئىقتىساد مۇنبىرىگە قاتنىشىدۇ. ھازىر، خەلقئارا ۋەزىيەت 100 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىشكە دۇچ كېلىۋاتىدۇ، بىر تەرەپچىلىك باش كۆتۈرۈپ، خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىغا ئېغىر زەربە بولماقتا؛ رايون قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرى ئەۋج ئېلىپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى دۇچ كەلگەن ئورتاق تەھدىت ۋە خىرىس ئاشماقتا. ھازىرقى ۋەزىيەتتە، جۇڭگو - رۇسىيە مۇناسىۋىتى كۈنسېرى پىششىق يېتىلمەكتە، مۇقىم بولماقتا، مۇستەھكەم بولماقتا. ئىككى تەرەپنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئۆزئارا ئىشىنىشى پۇختا، مۇستەھكەم بولۇپ، بىر - بىرىنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم، زور مەسىلىلەردە ئۆزئارا قەتئىي قوللايدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ سودا سوممىسى بۇلتۇر 100 مىليارد دوللاردىن ئېشىپ، تارىختا يېڭى رېكورت يارىتىلدى. ئېنېرگىيە، ئاۋىياتسىيە - ئالەم قاتنىشى، ئۆزئارا ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش قاتارلىق ساھەلەردىكى ئىستراتېگىيەلىك چوڭ تۈرلەر پۇختا ئالغا سىلجىتىلدى، يېزا ئىگىلىكى، پۇل مۇئامىلە، پەن - تېخنىكا، تور ئېلېكترونلۇق سودىسى قاتارلىق يېڭىدىن گۈللەنگەن ساھە ھەمكارلىقى تېز راۋاجلاندۇرۇلدى، ئىككى دۆلەت ھەمكارلىقىدا كۈچلۈك ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ۋە كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى نامايان قىلىندى. بۇلتۇر ۋە بۇ يىل ئىككى تەرەپ يەرلىكنىڭ ھەمكارلىق، ئالماشتۇرۇش يىلىنى ئورتاق ئۆتكۈزدى، يەرلىكنىڭ ئالاقىسى سىجىل كېڭەيدى، ئادەمىيەت ئالاقىسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. جۇڭگو بىلەن رۇسىيە خەلقئارا ئىشلاردا زىچ، ئۈنۈملۈك ھەمكارلىشىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يادرولۇقىدىكى خەلقئارا سىستېمىنى قەتئىي قوغدىدى، خەلقئارا قانۇن ئاساسىدىكى خەلقئارا تەرتىپنى قەتئىي قوغدىدى، دۇنيانىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقى ۋە خەلقئارا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى قەتئىي قوغدىدى، بايرىقى روشەن ھالدا كۆپ تەرەپچىلىك ۋە ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادىنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان خەلقئارا ۋەزىيەتتە تۇراقلاشتۇرغۇچلۇق ۋە مۇقىملاشتۇرغۇچلۇق رولىنى جارى قىلدۇردى.

جاڭ خەنخۈي مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ يىل جۇڭگو بىلەن رۇسىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقى. بۇ قېتىمقى زىيارەت رەئىس شى جىنپىڭنىڭ ئۇدا دۆلەت رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن رۇسىيەگە قىلغان تۇنجى قېتىملىق دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتى بولۇپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىدە ئابىدە خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە، جەزمەن يېڭى ۋەزىيەتتە جۇڭگو - رۇسىيە مۇناسىۋىتىدە تېخىمۇ زور تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، يېڭى مۇساپە ئاچىدۇ. زىيارەت مەزگىلىدە، رەئىس شى جىنپىڭ زۇڭتۇڭ پۇتىن بىلەن دۆلەت ئىشلىرى پائالىيىتى ئۆتكۈزىدۇ، بىرلىكتە جۇڭگو بىلەن رۇسىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش چوڭ يىغىنى قاتارلىق بىر قاتار مول مەزمۇنلۇق، رەڭگارەڭ ئادەمىيەت ئالاقىسى پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، مۇھىم ھەمكارلىق ھۆججەتلىرىنى ئىمزالايدۇ ياكى ئىمزالاشقا گۇۋاھ بولىدۇ. رەئىس شى جىنپىڭ يەنە ساينت پېتېربۇرگ خەلقئارا ئىقتىساد مۇنبىرىگە قاتنىشىدۇ. بۇ نۆۋەتلىك مۇنبەر ئومۇمىي يىغىنىنىڭ باش تېمىسى «ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارالمىسىنى يارىتىش». رەئىس شى جىنپىڭ يەنە مۇنبەر ئومۇمىي يىغىنىدا تەبرىك سۆزى قىلىپ، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ساھەسىدىكى مۇھىم تەشەببۇسىنى بايان قىلىدۇ، ھەرقايسى تەرەپلەر بىلەن بىرلىكتە كۆپ تەرەپچىلىكنى تەشەببۇس قىلىپ، يەرشارىۋى ئىدارە قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يەرشارى كەنتىنىڭ ئورتاق راۋاجلىنىشى، گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

جاڭ خەنخۈي مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: رەئىس شى جىنپىڭ زۇڭتۇڭ پۇتىن بىلەن، ئۆتكەن 70 يىلدىكى ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى تەجرىبىلەرنى ئومۇميۈزلۈك يەكۈنلەپ، كەلگۈسى جۇڭگو - رۇسىيە مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا ئىستراتېگىيەلىك يىرىك پىلان تۈزۈپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، دەرىجىسىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولىدۇ. بۇ قېتىمقى زىيارەت جۇڭگو - رۇسىيە مۇناسىۋىتىنىڭ سىياسىي ئۇلىنى پۇختىلاپ، بىر - بىرىنىڭ يادرولۇق ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم، زور ئىشلىرىغا چېتىشلىق مەسىلىلەردە ئۆزئارا تېخىمۇ زور قوللاشنى جەزملەشتۈرۈپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ ھەرقانداق خەلقئارا ۋەزىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىدۇ؛ ئىككى تەرەپنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقى ئۈچۈن يېڭى مەنزىل ئېچىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ يۇقىرى سەۋىيەلىك سىياسىي مۇناسىۋەت ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ كۆپ ئەمەلىي نەتىجىگە ئايلاندۇرۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ بەخت - سائادىتىنى ئاشۇرىدۇ. جۇڭگو - رۇسىيە ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا رەئىس شى جىنپىڭنىڭ بۇ قېتىمقى رۇسىيە سەپىرىنىڭ چوقۇم تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ، جۇڭگو - رۇسىيە مۇناسىۋىتىدە ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىشقا تۈرتكە بولۇپ، يېڭى دەۋرگە كىرىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشى ۋە دۇنيانىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

# قاراماي - چۆچەك تۆمۈريولىدا قاتناش باشلاندى

(بېشى 1 - بەتتە)

20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا، تارباغاتاي ۋىلايىتى تۆمۈريول قۇرۇلۇشى يىرىك پىلانىنى يولغا قويۇپ، 2002 - يىلى قاراماي - چۆچەك تۆمۈريولى قۇرۇلۇشى لايىھەسى تەتقىقاتىنى قانات يايدۇردى، 2014 - يىلى 4 - ئايدا قارامايدىن تۆمۈرتامغىچە بولغان بۆلەكتە تۆمۈريول قۇرۇلۇشى رەسمىي باشلاندى؛ 2016 - يىلى 9 - ئايدا، دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى قاراماي - چۆچەك تۆمۈريولى 2 - قارارلىق قۇرۇلۇشىنىڭ مۇمكىنلىك تەتقىقات دوكلاتىغا تەستىقىي جاۋاب بەردى؛ 2017 - يىلى 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، قاراماي - چۆچەك تۆمۈريولىنىڭ تۆمۈرتامدىن چۆچەككىچە بولغان بۆلىكىدە رەسمىي قۇرۇلۇش باشلاندى. 2019 - يىلى 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، كۆپ تەرەپنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، قاراماي - چۆچەك تۆمۈريولى تۈرى بىخەتەرلىكنى باھالاش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى.

ئىگىلىنىشچە، قاراماي - چۆچەك تۆمۈريولى كۈيتۇن - بېيتۇن تۆمۈريولىنىڭ قاراماي شەھىرى چېگراسى ئىچىدىكى ئاقبۇلاق ۋوگزالىدىن باشلاپ ياسالغان بولۇپ، تولى ناھىيەسىنىڭ تۆمۈرتام بازىرى، دۆربىلجىن ناھىيەسىدىن ئۆتۈپ، ئاخىرقى بېكەت چۆچەك شەھىرىگە بارىدىكەن، يول بويى يەتتە بېكەت تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئومۇمىي مۇساپىسى 272.79 كىلومېتىر كېلىدىكەن. شىنجاڭ تۆمۈريول تارماقلىرى ھەر كۈنى ئۈچ جۈپ يولۇچىلار نۆۋەتچى پويىزىنى ئورۇنلاشتۇرىدىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچىدىن چۆچەككە ئىككى جۈپ پويىز قاتنايدىكەن، 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن باشلاپ قاتناش باشلىنىدىكەن؛ چۆچەكتىن كۈيتۇنگىچە بىر جۈپ پويىز قاتنايدىكەن، 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن باشلاپ قاتناش باشلىنىدىكەن. ئۈرۈمچىدىن چۆچەككىچە بېلەت باھاسى 93 يۈەندىن باشلىنىدىكەن، باشقا قاتناش ۋاسىتىسى بىلەن سەپەرگە چىقىشقا قارىغاندا تېخىمۇ ئەرزان ئىكەن.

ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شۇ بىن مۇنداق بىلدۈردى: قاراماي - چۆچەك تۆمۈريولىنىڭ پۈتۈپ قاتناش باشلىنىشى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ قاتناش بوغما ھالىتىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىپ، «شىنجاڭ ئىچىنى ھالقىمان قاپلىغان، شىنجاڭغا كىرىش - چىقىش تېزلىتىلگەن» نىشانىنى تېزدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا پايدىلىق، بۇ، تارباغاتاينىڭ بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىدا مۇھىم، زور تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، غەربكە ئېچىۋېتىش سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى سىلجىتىشقا ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشىدۇ.